## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
## يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

# ھاياتنى قۇتقۇزغۇچى ئاق خالاتلىق پەرىشتە

## قومۇل شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ رۇڭ توغرىسىدا

**☐ گېزىتىمىزنىڭ قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما جىجۈەن**

«گەرچە تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشنىڭ ئادەملەردە بولىدىغان ئادەتتىكى ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، بىراق مەن يەنە ئامالنىڭ بارىچە ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىمەن.» 29 يىل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان قومۇل شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ رۇڭ مۇنداق دېدى: «ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلەشتە، ئومۇميۈزلۈك كەسپىي بىلىملەرنى ھازىرلاشتىن باشقا، يەنە مېھرىبان، سەۋرچان ۋە ئىنچىكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ».

ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلىگەن 13 يىلدىن بۇيان، بۇ يىل 52 ياشقا كىرگەن جاڭ رۇڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى، ئۇنىڭ دوختۇرلۇق ئەخلاقى ۋە داۋالاش تېخنىكىسى كەسىپداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ ھەم ئاغرىقلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، قومۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشتى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

جاڭ رۇڭ ھەركۈنى دوختۇر ـ سېسترالارنى باشلاپ، كېسەلخانىلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ھەربىر ئاغرىقنىڭ كېسەل ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى. «جاڭ مۇدىر ئىشلىسە، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى توق تۇرىدۇ، ئاغرىقلار بىلەن ئائىلە تەۋەلىرىمۇ تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ» دېدى ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى پەرغۇزات ئەنۋەر.

جاڭ رۇڭنىڭ يان تېلېفونى 24 سائەت ئوچۇق تۇرىدۇ، نۆۋەتچى دوختۇر بىر تەرەپ قىلالمايدىغان مەسىلىلەرگە ئۇچراپ قالسىلا، ھەممىسى بىرىنچى ۋاقىتتا جاڭ رۇڭغا تېلېفون بېرىدۇ، يېرىم كېچە بولسىمۇ، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، جىددىي ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، يەنە دەرھال كېلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىدىكى دوختۇر ـ سېسترالار ھەركۈنى يۇقۇملىنىش خەۋپ ـ خەتىرىگە دۇچ كېلىدۇ. جاڭ رۇڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن بىللە، بۆلۈمدىكى دوختۇر ـ سېسترالاردىنمۇ ئاغرىقلارنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدىكى ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇتقۇزۇش ئۈمىدىدىن چىققان ۋاقىتتا، قىياپىتىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

«جاڭ مۇدىرنىڭ ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل پوزىتسىيەسىگە بىز قايىل، ئۇ بىزگە دائىم ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلەشتە مەسئۇلىيەتچانلىققا تايىنىش كېرەك، دەيدۇ.» ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچى خۋاڭ چياڭ مۇنداق دېدى: كۆپلىگەن ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا ھوشسىز ھالەتتە بولۇپ، ئاغرىقلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ يوقلاپ كىرىشىگە بولمايدۇ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل ئەھۋالىنى پۈتۈنلەي دوختۇر ـ سېسترالار ئىگىلەپ تۇرىدۇ ۋە يەتكۈزىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا تايىنىدۇ.

2017 ـ يىلى ئەتىيازدا، بەش ياشلىق بىر ئوغۇل بالا تۇرالغۇ بىنادىن چۈشۈپ كېتىپ، داس سۆڭىكى چېقىپ كەتكەن، قورساق بوشلۇقى قانىغان، ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، جاڭ رۇڭ دوختۇر ـ سېسترالارنى باشلاپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلغان، بالا ناھايىتى تېزلا خەتەردىن قۇتۇلغان. جاڭ رۇڭ بۇ بالىنى دادىسىنىڭ يالغۇز باقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. كېيىنكى ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە، ئۇ دائىم بالىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك، ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرگەن، بۆلۈمدىكى بارلىق دوختۇر ـ سېسترالار ئۇنىڭ تەسىرىدە، ھەممىسى مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئەترىتىگە قوشۇلغان، كۆپچىلىكنىڭ غەمخورلۇقىدا بالىنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئاغرىق لى جيەن تۇيۇقسىز بىئاراملىق ھېس قىلغان، ئائىلە تەۋەلىرى ئۇنى قومۇل شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كەلگەن، ئارقىدىنلا ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىگە يۆتكىگەن. ئەينى چاغدا لى جيەندە شوك بولۇش ئالامىتى كۆرۈلگەن، جاڭ رۇڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئاغرىق سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى يۇقۇملىنىپ، يىرىڭدىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك شوك بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇ سالماقلىق بىلەن دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ئاغرىقنى جىددىي قۇتقۇزۇشىغا قوماندانلىق قىلغان ھەم ئىچكى كېسەللەر، سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرىنى جىددىي كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، ئاغرىقنىڭ كېسەل سەۋەبىنىڭ دىيابېت كېسىلى، يۇقىرى قان قەنتى قاتارلىق كېسەللەر پەيدا قىلغان سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى جىددىي يۇقۇملىنىش ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققان، داۋالاش ئارقىلىق ئاغرىق خەتەردىن قۇتۇلغان.

ئېغىر كېسەللەر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلەشتە، زور روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئامالسىزلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. جاڭ رۇڭنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بىرنەچچە يىل ئىلگىرى 15 ياشلىق بىر قىز يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك يۈرەك ئىچكى پەردە ياللۇغى سەۋەبلىك داۋالىنىشقا ئېلىپ كېلىنگەن، جاڭ رۇڭ ۋە دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىلىق قىزنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. گۈلدەك ھاياتنىڭ كۆز ئالدىدا غازاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جاڭ رۇڭ ئىنتايىن ئازابلانغان.

«ھايات ـ مامات ئالدىدا مېنىڭ قىلالايدىغىنىم ئىنتايىن چەكلىك، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ئاغرىقلارغا ياردەم بېرەلەيمەن، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلەيدىغان ئىش قىلىمەن» دېدى جاڭ رۇڭ.

# يايلاقتىكى «كىچىك گۈلسامساق» پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنى ياڭراتتى

## —— ئارشاڭ ناھىيەسى چاغانتوڭگى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى باقتىگۈل ئۆجېتقان توغرىسىدا

**☐ گېزىتىمىزنىڭ بورتالا ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ شىنيەن**

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە، ئارشاڭ ناھىيەسى چاغانتوڭگى يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىدا، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى باقتىگۈل ئۆجېتقان كادىرلار، ئاممىنى رادىيو گىمناستىكىسى ئويناشقا تەشكىللەپ، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ چاغانتوڭگى يېزىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن بۇيان، باقتىگۈل يېڭى خىزمەتكە پائال ئاتلىنىپ، ئوتلۇق قەلبى بىلەن ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتتى، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىدى.

باقتىگۈل 2010 ـ يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تاللاپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ دالىمتى يېزىسىدا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىندى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولغان ئۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ جايدىكى خېلى نامى بار «پۇقرا» تەشۋىقاتچى بولۇپ قالدى.

### ■ پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغۇچى

«ھاياتلىقتىكى ھەربىر ئىش ئورنىدا ياخشى تۇرۇپ، ھاياتلىقتىكى ھەربىر مۇساپىنى ياخشى بېسىپ، ‹ئىككى 100 يىل› ئۈچۈن يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەش كېرەك...» 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش نەق مەيدانىدا باقتىگۈلنى ئۇچراتتىم، ئۇ قولىغا دومبىرانى ئېلىپ، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىر تەرەپتىن چېلىپ، بىر تەرەپتىن ئېيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ئاممىغا يېقىن شەكىلدە ھەر مىللەت ئاممىغا تەشۋىق قىلىۋاتاتتى.

باقتىگۈل كىچىكىدىنلا دومبىرا چېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، 14 يېشىدىن باشلاپ، ئاقىنلار ئېيتىشىشى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا باشلىدى، ئۇ تېكىست يېزىش، مۇزىكا ئىشلەش، چېلىش، ئېيتىش قاتارلىقلارنى ناھايىتى تېز تاماملىيالىغاچقا، يايلاقتىكى «كىچىك گۈلسامساق» دەپ تەرىپلەندى. ياش ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا ئەڭ يېقىن سۆزلەر بىلەن، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا بېرىپ سەييارە تەشۋىق قىلىپ، چېلىپ ئېيتىش داۋامىدا پارتىيەنىڭ ساداسىنى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىگە يەتكۈزدى.

خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، باقتىگۈل خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئورۇنلاپ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاكتىپ كۈچ تارقاتتى. 2015 ـ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇش مىزانى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، باقتىگۈل «مىزان» بىلەن «نىزام»نىڭ مەزمۇنىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ناخشا تېكىستى قىلىپ يېزىپ، دالىمتى يېزىسىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە سەييارە تەشۋىق قىلدى.

2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، باقتىگۈل ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» تەشۋىقاتىنى سىنغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، پىروگرامما گۇرۇپپىسى ئۇنىڭ سىنغا ئېلىنىدىغان ماقالىسىنىڭ سانىنى ئەسلىدىكى تۆت پارچىدىن سەككىز پارچىغا كۆپەيتتى، ئۇ تەشۋىق قىلغان مەزمۇن ئوپتىك دىسكا قىلىپ ئىشلىنىپ، ھەرقايسى كەنتلەردە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرىگە تارقىتىلىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» تەشۋىقاتىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى قىلىندى.

2017 ـ يىلى، باقتىگۈل مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلام نەزەرىيە تەشۋىقاتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى، بۇ سالمىقى ئېغىر شەرەپ ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەشۋىقات خىزمىتىگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب بولدى.

### ■ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى

«لو بوۋا، بۈگۈن نېمە يېڭىلىقىڭىز بار؟ مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، باقتىگۈل ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ ئاڭگىلىڭ بازىرى بۇرۇلتوڭگى كەنتىدىكى تۇغقىنى لو خۇيمىڭنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ كېلىپ.

تۇغقانلاشقان ئۈچ يىلدىن بۇيان، باقتىگۈل بىلەن لو خۇيمىڭ بوۋاي بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدى. لو بوۋاي ياشىنىپ قالغان بولۇپ، تېنى ئاجىز، كېسەلچان ئىدى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتتىنى ئېلىۋېتىش، جىگەرنى ئېلىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەرنى قىلدۇرغان بولۇپ، باقتىگۈل ئىزچىل لو بوۋاينىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ھەر قېتىم لو بوۋاينىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ دائىم دورا ۋە قۇۋۋەت بويۇملىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلىپ بەردى.

2017 ـ يىلى، لو بوۋاي ئائىلىسى تېرىغان ياڭيۇلىرىدىن مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ، سېتىش يوللىرى راۋان بولمىدى، باقتىگۈل ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ، سېتىش يولى ئىزدىدى. قىسقىغىنا ئىككى كۈندە، ئۇ 20 نەچچە خالتا ياڭيۇنى ياردەملىشىپ سېتىپ بەردى، لو بوۋاي خۇشال بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ماڭا شۇنداق ياخشى قىز ئەۋەتىپتۇ، خوتۇنۇم ئىككىمىز بەك رازى بولدۇق!»

2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، باقتىگۈل «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئىلتىماس قىلىپ، بۇرۇلتوڭگى كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، لو بوۋاي بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

بۇرۇلتوڭگى كەنتى كۆپ مىللەت ئورتاق ياشايدىغان دېھقانچىلىق كەنتى. كەنتتىكى ھەر مىللەت يۇرتداشلار ئىجىل ـ ئىناق، ئىتتىپاق ـ دوستانە ئۆتىدۇ. بۇ بىر يىلدا، بۇرۇلتوڭگى كەنتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» باش تېمىسىدىكى بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ھەر قېتىملىق پائالىيەتتە، باقتىگۈل رىياسەتچىلىك سۆزى يېزىش، پائالىيەت كۈنتەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، نومۇر تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. مول، رەڭدار مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

### ■ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە تۈرتكە بولغۇچى

«ساۋاقداشلار، سىلەر ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، سىلەرنىڭ تېخىمۇ ئېگىزگە پەرۋاز قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...» سۆز تۈگىمەيلا ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. بۇ يىل، باقتىگۈل ئارشاڭ ناھىيەسى چاغانتوڭگى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى. يۇرتىغا قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يۇرتىغا قايتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئارشاڭ ناھىيەلىك مۇزېي ۋە شىمال سەمەندەرى سارىيىغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ساۋاقداشلار بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە كەلگۈسى كەسپىي ھاياتى پىلانى ئۈستىدە توختالدى.

چاغانتوڭگى يېزىسىدا، باقتىگۈل ئاساسلىقى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت، مائارىپ، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. يېڭى خىزمەت ئورنىدا ئۇ بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ھەر ۋاقىت كەمتەر، ئېھتىياتچان، ئىنتىزامچان بولۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ھەممە يەردە كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس ئۆلچەم بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

نەزەرىيە جەھەتتە تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، باقتىگۈل ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، مىللەت، دىن سىياسىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەربىر قەدەمنى پۇختا بېسىپ، ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى جان ـ دىل بىلەن ياخشى قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئاممىنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى قىلدى.

# ئەلرايى ئۈچۈن 45 يىل ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەسلىك

## —— قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى شىخې كوچىسى ئىتتىپاق مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ چېڭگۇڭ توغرىسىدا

**☐ گېزىتىمىزنىڭ قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاۋ يۈۋېي**

ۋۇ چېڭگۇڭ قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى شىخې كوچىسى ئىتتىپاق مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، 1974 ـ يىلى، 17 ياشلىق ۋۇ چېڭگۇڭ شەھەردە قالغان زىيالىي ياش سالاھىيىتى بىلەن مەھەللىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان. 45 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 12 مەھەللىدە خىزمەت قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەسلىي مەقسىتىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ساقلاپ، ئاممىنىڭ چاقىرىقىغا جەزمەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بولسا جەزمەن ياردەم بېرىپ، چىن ھېسسىياتى، چىن قەلبى بىلەن ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

2016 ـ يىلى 59 ياشلىق ۋۇ چېڭگۇڭ شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋۇ چېڭگۇڭ يەنىلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا پايپېتەك بولۇپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قاراشلىق رايوننىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى ئۈچۈن تىرىشماقتا. ۋۇ چېڭگۇڭ مۇنداق دېدى: «شۇنچە كۆپ يىلدىن بۇيان، مەن پەقەت بىرلا ئىش — مەھەللە ئاھالىلىرىگە مۇلازىمەت قىلدىم».

### مەھەللە خىزمىتىدە باتۇرلۇق بىلەن ئىلغارلاردىن بولۇشقا تىرىشىش

«ئېۋىرغول رايونى شىخې كوچىسى ئىتتىپاق مەھەللىسى شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جايدا بولۇپ، ئەتراپتىكى 18 يېزا ـ بازارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونى بولغاچقا، كۆچۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئائىلىلەر بىرقەدەر كۆپ، شەھەر ـ بازار ئاھالىسىدىن 207 ئائىلە، يېزا ئاھالىسىدىن 1592 ئائىلە، كۆچمە ئاھالىدىن 82 ئائىلە بار» دېدى مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ۋۇ چېڭگۇڭ تونۇشتۇرۇپ.

2017 ـ يىلى، ۋۇ چېڭگۇڭ ئىتتىپاق مەھەللىسىگە بېرىپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا ئۇ تەشكىلگە مۇنداق ۋەدە بەردى: ئۈچ يىلدا بۇ جاينى داڭلىق مەھەللە قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن.

ئەينى چاغدا ئىتتىپاق مەھەللىسى قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بولۇپ، بارلىق خىزمەتلەرنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. ۋۇ چېڭگۇڭ ۋە يەتتە نەپەر مەھەللە كادىرى ۋاقىتلىق ئىجارىگە ئالغان بىر ئىشخانىدا ئىش بېجىرىپ، ئىشنى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى ئىگىلەشتىن باشلىدى، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق ئىككى يىلدىن كېيىن، ئىتتىپاق مەھەللىسىنىڭ خىزمىتى پۈتۈن شەھەردىكى مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بۇ يىل ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىتتىپاق مەھەللىسى مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگىنىمىزدە، دېرىزىلەر يورۇق بولۇپ، زالنىڭ ئىچى پاكىز ئىدى، ھەرقايسى مۇلازىمەت كۆزنەكلىرىدە خىزمەتلەر تەرتىپلىك ئىشلىنىۋاتاتتى؛ سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى بېزىلىۋاتقان بولۇپ، كېسەل كۆرسىتىش رايونى، دورا تەقسىملەش رايونى، ئوكۇل سېلىش رايونى، كۈتۈش رايونى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۇم.

ۋۇ چېڭگۇڭ مۇنداق دېدى: مەھەللىدە يەنە مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە فىزىكىلىق داۋالاش مۇلازىمەت مەركىزى، مەھەللە كۇتۇپخانىسى، پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۆيى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر، بالىلار قۇياش نۇرى ئائىلىسى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە زالى، ھۆسنخەت ـ رەسىم ئۆيى، شاھمات ـ قارتىخانا قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن يەنىمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ھەقىقىي كۈچەيتىلدى.

### قوشنىلار ئىناقلىقىدىكى يېپىشتۇرغۇچ

«پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل مەسىلىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كەلسىلا، مەن ھەرگىز سەل قارىمايمەن» دېدى ۋۇ چېڭگۇڭ. كۆپ يىل مەھەللە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋۇ چېڭگۇڭ ئاممىغا يېقىن، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان بىر يۈرۈش خىزمەت ئۇسۇلىنى يەكۈنلىدى، يەنى خاسلىققا ئىگە مەسىلىلەرنى بىنانىڭ ئىچىدە ھەل قىلىش، ئورتاقلىققا ئىگە مەسىلىلەرنى ئولتۇراق رايوننىڭ ئىچىدە ھەل قىلىش، ماكرولۇق مەسىلىلەرنى مەھەللە ئىچىدە ھەل قىلىش.

2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئىتتىپاق ئولتۇراق رايونىدىكى 70 ياشتىن ئاشقان بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئۆيىنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاھالىنىڭ ئۆيىدىن سۇ چېقىپ كېتىپ سۇ بېسىپ كەتتى، لېكىن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاھالە ئۆيىدە يىل بويى تۇرمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىدى. ۋۇ چېڭگۇڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال رېمونت سايمانلىرىنى ئېلىپ نەق مەيدانغا يېتىپ باردى.

ۋۇ چېڭگۇڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاھالىگە مۇنداق دېدى: «تۆلەم ئىشىنى كېيىن دېيىشەيلى، سىز ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن سۇ تۇرۇبىسىنى رېمونت قىلاي، ئىزچىل سۇ ئېقىپ تۇرسا بولامدۇ؟» دېگىنىچە ئىشىكتىن كىرىپ رېمونت قىلىشقا باشلىدى، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئاھالە بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خىجىل بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى ياشانغان كىشىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇ تۇرۇبىسى رېمونت قىلىنىپ بولدى، ئىككى ئائىلىنىڭ زىددىيىتىمۇ ھەل بولدى.

ۋۇ چېڭگۇڭ ئىتتىپاق مەھەللىسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 47 زىددىيەت، ماجىرانى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى، بۇ، 648 ئائىلىدىكى 1944 ئادەم قېتىمغا چېتىلىدۇ.

2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئېۋىرغول رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى، قوللىشىدا، ئىتتىپاق مەھەللىسىدە يەنە «ۋۇ چېڭگۇڭ خەلق مۇرەسسە ئىشخانىسى» قۇرۇلدى.

### قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يەتكۈزۈپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش

ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىشلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشىغا موھتاج، ۋۇ چېڭگۇڭ ياش يولداشلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

ئېۋىرغول رايونى شىخې كوچىسى بىڭخې يولى مەھەللىسىنىڭ مۇدىرى چېن يۈباۋ دەل ۋۇ چېڭگۇڭ قولمۇقول يېتەكلەپ چىققان شاگىرتلارنىڭ بىرى. ئەينى يىلى، مەھەللىگە يېڭى خىزمەتكە كەلگەن چېن يۈباۋ ئۇششاق ـ چۈششەك خىزمەت ۋە ئېغىر ۋەزىپىلەر ئالدىدا بىرمەھەل چېكىنىش غەرىزىدە بولغانىدى. ۋۇ چېڭگۇڭنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرىشى بىلەن، ئاخىر ئۇ مەھەللىدە قېلىشنى تاللىدى.

ۋۇ چېڭگۇڭ ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق مەھەللە خىزمىتى تەجرىبىسىنى ياشلارغا ئۆگەتتى، ماكرولۇق مۇلازىمەت قىلىش، مىكرو جەھەتتىن يېتەكلەش، ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش، ئاغرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىش، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش... ۋۇ چېڭگۇڭدىن ئۆگەنگەن بۇ خىزمەت تەجرىبىلىرى ياشلارنىڭ ئىش ئورنىدا تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بەردى. 2017 ـ يىلى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئىتتىپاق مەھەللىسىدە «ۋۇ چېڭگۇڭ جەمئىيەت خىزمىتى ئىختىساسلىقلىرى ئىشخانىسى» قۇردى، ئىشخانىغا تايىنىپ، ۋۇ چېڭگۇڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە مۇنەۋۋەر مەھەللە خىزمەتچىسى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە كىشى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياكى مەھەللە مۇدىرى بولدى.